# 106459 - ئىپتارلىق داستىخاندىكى ئىسراپچىلىق روزىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتەمدۇ؟

## سوئال

ئىپتارلىق تاماق تەييارلاشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش روزىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ روزىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، چۈنكى ئېغىز ئاچقاندىن كېيىن سادىر بولغان چەكلەنگەن ئىش گەرچە روزىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋەتمىسىمۇ لېكىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ﴾ تەرجىمىسى: **«يەڭلەر، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ»** [سۈرە ئەئراپ 31-ئايەت] دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئىسراپخورلۇق چەكلەنگەن ئىش، ئىقتىسادچان بولۇش تۇرمۇشنىڭ يىرىمىدۇر. بىمەك-ئىچمەك ھاجەتتىن تاشقىرى كۆپ بولۇپ قالسا، ئىسراپ قىلماستىن كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىش ئەۋزەلدۇر.